# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتەيلى

شىمالىي شىنجاڭدا «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن دوكلات

قانۇندا بېرىلگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، ئەدلىيە نازارەتچىلىكىنى ياخشىلايلى

1



1992



1992 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ ژۇرنىلىمىزنىڭ خەنزۇچە نامىنى يېزىپ بەردى. يېنىدا تۇرغان كىشى دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قوشۇمچە بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇدىرى قۇداشىڭ.



دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ مۇدىرى ھامدىن نىياز باھار بايرىمى ھارپىسىدا دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ يە-
چىڭنى يوقلىدى. دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ باش كاتىپى ياسىن ناسىر بىللە بولدى.



مۇدىر ھامدىن نىياز دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ سابىق مۇئاۋىن
مۇدىرى سەيپۇللايوۋنى كېسەلخانىغا بېرىپ يوقلىدى.



دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماھمۇتقاسىم باھار بايرىمىنىڭ
2 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى شۈشيۇخۇانى پەتل

# خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتەيلى

## «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدىغان ياخشى ئەسەر»لەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

### مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پېڭ چۇڭ

1991 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

يولداشلار :

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتا تۆھپە قوشقان ئاخبارات خادىملىرىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن ، بۈگۈن بۇيەردە «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدىغان ياخشى ئەسەر»لەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئاچتۇق. مەن مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكالىتەن ، شەرەپ بىلەن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ياخشى ئاخبارات خادىملىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتا جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرگەن بارلىق ئورۇنلار ۋە يولداشلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ، مەركىزىي ۋە يەرلىك ئاخبارات ئورۇنلىرى ھەردەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى تەشۋىق قىلىشتا كۆپ خىزمەت ئىشلىدى . ئاخبارات ئاگېنتلىقى ، گېزىت ، رادىئو ، تېلېۋىزىيە قاتارلىقلار ئۈنۈملۈك تەشۋىقات قورالىدۇر . ئۇلار پارتىيىنىڭ ، دۆلەتنىڭ ، خەلقنىڭ تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا . يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا بولغان تونۇشىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى ئاخبارات خادىملىرىنىڭ بوشاشماي تىرىشىپ كەلگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارمۇ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ ، تۆھپە قوشتى . يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . نۇرغۇن ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار بۇ خىزمەتنى ئۆزى تۇتۇپ ، ئۇنى قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشنى دائىم مۇھاكىمە قىلدى . بەزى ئۆلكىلىك ، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ بەنگۇڭتىڭلىرى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمەت يىغىنى ئاچتى . يەنە بەزى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقات - تەربىيە يىلى ياكى تەشۋىقات ھەپتىلىكى ، ئاساسىي قانۇن تەشۋىقات ھەپتىلىكى ، قانۇن بىلىملىرى مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى . 30 ئۆلكىلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگان ژۇرنىلى

چىقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يەنە ئورگان گېزىتى چىقاردى. بەزى ئۆلكە دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئاخبارات ئېلان قىلىش تۈزۈمىنى ئورناتتى. بەزى ئۆلكىلەر يەنە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەتقىق قىلىدىغان تەشكىلات قۇردى، نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى.

قىسقىسى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتى ياخشى ئاساسقا ئىگە بولدى ھەمدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. لېكىن، ئاساسىي قانۇندىكى تەلەپ ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىر خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى تېخى يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا، كۆپچىلىكنىڭ يەنىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، بۇ خىزمەتنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. تۆۋەندە كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر نەچچە پىكرىمنى ئېيتىپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگوچە تۈپ سىياسىي تۈزۈم. ئۇ، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەشلەر ئارقىلىق چىقارغان تارىخىي تاللىشى، پارتىيىمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى. بۇ تۈزۈم ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ تۈپ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، پارتىيىمىزنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى زور بىر ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسلىق يولى ۋە شەكلى. يولداش جياڭ زېمىن: سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىشتا ئەڭ مۇھىمى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. جۇڭگو خەلقى دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىنچ بولۇشىغا ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يول بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە مۇشۇنداق سىياسىي تۈزۈم ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىپ كەلدى. «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» دىمۇ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇنلاردىمۇ دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى ئىكەنلىكى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ئىكەنلىكى قانۇن جەھەتتىن تۇرغۇزۇلدى. لېكىن جەمئىيەتتىكى بىر مۇنچە كىشىلەر، جۈملىدىن بەزى كادىرلىرىمىز تا ھازىرغىچە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدە تېگىشلىك چۈشەنچە ۋە توغرا تونۇش ھاسىل قىلالمىدى، بۇ ھال بىزنىڭ بۇ تۈزۈمنى تەشۋىق قىلىشىمىزنىڭ يەنىلا يېتەرلىك بولمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يولداش ماۋزېدۇڭ بۇرۇنلا: نۇرغۇنلىغان ئاما ۋە پارتىيە ئەزالىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، بەزىلىرى ھەتتا «ئاۋارىچىلىق بولىدىغان دېموكراتىيە تۈزۈمنى ياخشى كۆرمەيدۇ»، «بۇنىڭ سەۋەبى خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت يېڭى سىياسىي تۈزۈم ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋە تەربىيىنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقىدا» دەپ كۆرسەتكەنىدى، شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلغانلىق، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى تەشۋىق قىلغانلىق، خەلقىمىز ئۇزۇن مۇددەت قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق بەرپا قىلغان سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى تەشۋىق قىلغانلىق، يەنى پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تەشۋىق قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇشىمىز كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش ھەر دەرىجىلىك

خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئىشى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىشى . دەرۋەقە ، ئوخشاش بولمىغان تارماقلار ، ئورۇنلار ۋە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىـ نىڭ ئۆزىگە خاس تەشۋىقات نۇقتىلىرى بولىدۇ ، ئەمما دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ئىش .

ئىككىنچى ، سوتسىيالىستىك پۇقرالىق ئېڭىنى كۈچەيتىشنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك . سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى . يولداش دېڭ شياۋپىڭ : تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا چوقۇم ئىككى قوللۇق بولۇش ، يەنى بىر قولدا قۇرۇلۇشـ نى ، بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش كېرەك ، دەپ كۆرسەتتى . بۇ ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تاـ رىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان مۇھىم ئىدىيە ، بۇنىڭدا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن . ھازىر بىزدە جۇڭگوچە سوتـ سىيالىستىك ئاساسىي قانۇن ۋە جىنايىي ئىشلار ، ھەق تەلەپ ئىشلىرى ، دۆلەت ئاپپاراتى جەھەتتىكى تۈپ قانۇنلار بار ، يەنە بىر تۈركۈم ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇـ رۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قانۇنلار ۋە چەتكە چېتىلىدىغان قانۇنلارمۇ تۈزۈلدى . دېمەك ، دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساـ سىي تەرەپلىرىدە ئاساسلىنىدىغان قانۇنلار بار بولدى . ھازىرقى گەۋدىلىك مەسىلە شۇكى ، بەزى جايلار ۋە تارماقلاردا قانۇنغا ئاساسلانمايدىغان ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلمايدىغان ئەھۋال يەنىلا خېلى ئېغىر ، بۇنداق ئەھۋالنى تۈزىتىش كېرەك . بۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا جاپالىق ، ئۇزاق مۇددەت كۈـ رەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . ئەڭ تۈپ نەرسە ئادەم تەربىيىلەش ، كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك پۇقرالىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ، ئەلۋەتتە . تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش قارىشى ، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش قارىشى ، پۇقرالىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت قارىشى ، سوتسىيالىستىك باراۋەرلىك قارىـ شى ، سوتسىيالىستىك ئەركىنلىك ۋە ئىنتىزام قارىشى ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش قارىشىنى پۇختا تىكـ لەش لازىم . بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىز ۋە قانۇنلىرىمىزدا پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتتە بىر قاتار ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى . بۇيىل مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ ، 9911 ـ يىلدىن باشلاپ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ 2 ـ بەش يىللىق پىلانىنى يولغا قوـ يۇشنى بەلگىلىدى . بوھال ئاخبارات ـ تەشۋىقات خىزمەتچىلىرىمىزدىن قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇـ رۇش تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تەكرار ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ ، جامائەت پىكرى كۈچىدىن پايدىلىنىپ ، ھەممە خەۋەردار مۇھىت يارىتىپ ، كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك پۇقرالىق ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ .

يولداش ۋەن لى يېقىندا قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ ، قانۇنغا ئاساسلانمايـ دىغان ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلمايدىغان ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەيدىغان ئەھۋالـ نى ئۆزگەرتىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى . بۇ ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭمۇ مۇھىم بىر تەرىپى ، ئاخبارات ـ جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭمۇ مۇھىم بىر تەرىپى . ئاخبارات ساھەـ سىدىكى ۋە باشقا تەشۋىقات تارماقلىرىدىكى يولداشلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇنلارنىڭ ئىجراسىـ نى تەكشۈرۈشىگە زىچ ماسلىشىپ ، تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ ، بولۇپمۇ بىر نەچچە تىپىك ئىشـ

نى تۇتۇپ، تەشۋىقات - خەۋەر بېرىش ئىشىنى مەركەزلىك، مەردانىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىپ، بەلگىلىك جامائەت پىكرى يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۈچىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىققا دائىر تەشۋىقات - خەۋەر بېرىش ساھەلىرىنى يەنىمۇ ئېچىپ، ئاساسىي تېمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بۇنداق دېموكراتىيە دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەڭ كەڭ دېموكراتىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىشنىڭ زېمىنى كەڭ، بۇنى يەنىمۇ ئېچىشىمىزغا ۋە قېزىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ئاساسىي شەكىل بولۇپ، ئۇنى تولۇق خەۋەر قىلىش كېرەك. يىغىننىڭ نەتىجىسىنىلا ئەمەس، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانداق يۈرگۈزىدىغانلىقىنى، دېموكراتىيە ئاساسىدا سىياسەت - تەدبىر بەلگىلەشنىڭ قانداق گەۋدىلەندۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ خەۋەر قىلىش كېرەك. بىزنىڭ قانۇنلىرىمىز قايتا - قايتا قاراپ چىقىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق چىقىرىلىدۇ. بەزى مۇھىم قانۇنلار كۆپ يىل غۇلغۇلا قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش ئارقىلىق، بەزىلىرى تېخى ئومۇمىي خەلق مۇزاكىرىسىدىن كېيىن، ئاندىن ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى تەرىپىدىن ماقۇللىنىدۇ. بۇ جەريانلار سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرىدۇ، بۇنى كەڭ ۋە چوڭقۇر تەشۋىق قىلسا بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرى ئارىلىقىدىكى خىزمەتلىرىنى، جۈملىدىن ۋەكىللەر، ئەزالارنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىنىمۇ تەشۋىق قىلىش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇرراق تەشۋىق قىلىش، خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە قاراتمىلىقى بولغان ھالدا جاۋاب بېرىش كېرەك. بۇ ھال ئاخبارات - تەشۋىقات تارماقلىرىمىزدىكى يولداشلاردىن تىرىشىپ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىن خەۋەردار بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش ساھەسىگە تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۆتىنچى، تەشۋىق قىلىش - خەۋەر قىلىش شەكىللىرى كۆپ خىل، جانلىق بولۇشى، خەلق ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان بولۇشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىق قىلىنغان ياخشى ئەسەرلەردىن بۇ قېتىم تاللاپ چىقىلغانلىرىنىڭ بىرنەچچىسى ناھايىتى تەسىرلىنەرلىك يېزىلغان، ئالايلۇق، «دېموكراتىك كېڭەشىش ئاساسىدا ئاۋاز بېرىش»، «قۇللۇقتىن قۇتۇلغانلار»، «دۇنيا مەدەنىيىتىنى بېسىپ ئۆتكەن قەدەم» قاتارلىقلاردا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قارىشى، كىشىلىك ھوقۇق قارىشى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىنى خېلى قايىل قىلىدۇ. بىز ئەزەلدىن مۇددىئا بىلەن ئۈنۈمنى بىرلەشتۈرۈشنى تەكىتلەپ كەلدۇق، خەۋەر، ماقالە ۋە رادىئو، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى خەلق ئاممىسى ياقتۇرغاندىلا، ئاندىن ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل بولىدۇ. بۇندىن كېيىن، تۇرمۇشقا جىپسىلاشتۇرۇلغان، تەسىرلەندۈرۈشچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ دۇنياغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بەشىنچى، تەشۋىقات - خەۋەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى قەتئىي تۈردە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىش كۆرۈشى ھەمدە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە قانۇندا بەلگىلەنگەن شەكىل ۋە تەرتىپكە ئەمەل

قىلىشى كېرەك. بەلگىلىك شەكىل ۋە تەرتىپتىن چەتنىگەندە، دېموكراتىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقات ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئىلگىرى ئايرىم تەشۋىقات - خەۋەرلەردە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مەزمۇنلار كۆرۈلدى. مەسىلەن، بەزى گېزىتلەردە خەلق قۇرۇلتىيى ياكى خ ق دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىقىپ ماقۇللاشتىن بۇرۇن، پالانى يولداش ھۆكۈمەتتە پۇستانى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، دەپ ئالدىراپ خەۋەر بېرىۋېتىلدى؛ بەزى ماقالىلەردە خەلق قۇرۇلتىيى پەقەت قانۇن نازارەتچىلىكى يۈرگۈزسە بولىدۇ، خىزمەت نازارەتچىلىكى يۈرگۈزسە بولمايدۇ، دېيىلدى؛ يەنە بەزى گېزىت - ژۇرناللاردا ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يەرلىك نىزام تۈزدى، دەپ خەۋەر بېرىلدى. بۇنداق تەشۋىقات قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ. ئاخبارات خادىملىرىنىڭ قانۇننى ئۆلچەم، پاكىتنى ئاساس قىلىپ، تەشۋىقات - خەۋەر بېرىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، قانۇنغا ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلار ۋە سۆزلەرنىڭ چىقىشىدىن ساقلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئالتىنچى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى پارتىيىنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرى بىلەن كۆپرەك ئالاقىلىشىپ، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر بىلەن زىچ ماسلىشىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرىغا ئەھۋالنى پائال مەلۇم قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنى پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىگە ئايلاندۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى قەرەللىك ھالدا ئۇقتۇرۇپ، زىيارەت يىپ ئۇچى يەتكۈزۈپ، مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. تېخىمۇ كۆپ سۈپەتلىك خەۋەرلەرنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭمۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلەپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۈگۈن مۇشۇ بىر نەچچە پىكرىمنى سۆزلەي. كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىنى يەنە بىر قېتىم ئۈمىد قىلىمەن.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1991- يىل 22 - دېكابىر سانىدىن ئېلىندى)

(بېشى 10 - بەتتە)

«يەر باشقۇرۇش قانۇنى»، «ئوتلاق قانۇنى»، «ئورمان قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنىڭ ئىجراسى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە ھەل قىلىشنى خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا كىرگۈزسە، ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتىنى ئاڭلاپ ئۆتسە.

(5) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يەرلىك بىلەن بىڭتۈەن ھەم قىسىم ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان يەر، ئوتلاق ماجىرالىرىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قوغدىسا ۋە تەرەققىي قىلدۇرسا.

(6) قانۇن ئىجراسىنى رېۋىزىيە قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ ئاپپارات، شتات، خىراجەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يەر، ئوتلاق ۋە ئورمانلىقنى ھەقىقىي تۈردە قانۇننىڭ مۇھاپىزىتىنى ئاستىغا قويۇش كېرەك.

# شىمالىي شىنجاڭدا «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن دوكلات

## دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى

بىز يەتتەيلەن 1991 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە شىمالىي شىنجاڭدىكى تېكەس، توققۇزتارا، كۈنەس، نىلقا، غۇلجا، جىڭ، شىخو ناھىيىلىرى ۋە بورتالا شەھىرىنى كۆزدىن كەچۈردۇق. بارغانلا يېرىمىزدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە شۇ جايدىكى قىسمەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ خىزمەت مەلۇماتىنى ئاڭلىدۇق، تۈرلۈك سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ ۋە دېھقان، چارۋىچىلارنى زىيارەت قىلىپ كەڭ تۈردە پىكىر ئالدۇق، ئاندىن نەق مەيدانغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈردۇق.

كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئومۇمەن، مۇنداق قاراشقا كەلدۇق: ئىلى ئوبلاستىدىكى ئىككى ۋىلايەت ۋە بورتالا ئوبلاستىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نى يولغا قويۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىنىپتۇ، نەتىجىلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىكەن، شۇنداقتىمۇ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇنچە مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت ئىكەن.

### 1 . «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نى يولغا قويۇشتىكى ئاساسىي تەجرىبىلەر

(1) پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى يەر باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەن. تېكەس، غۇلجا، نىلقا، شىخو ناھىيىلىرىدە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى قانۇن ئىجرا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە قانۇننى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلغانلىقى، ھەقىقىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يەر باشقۇرۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنگەن، تېرىلغۇ يەر، ئوتلاق، يەر، ئوتلاق بايلىقىنى قوغداش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولغان ھەمدە بۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە تازا ياققان.

(2) «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» تەشۋىقاتى ۋە تەربىيىسىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ دۆلەت زېمىنى ئېڭى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نى يولغا قويۇش ئۈچۈن چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساس ۋە ئىدىيىۋى ئاساس سالغان. «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»يولغا قويۇلغان بەش يىلدىن بۇيان، ئىلى ۋىلايىتى تەشۋىقات خىراجىتى ئۈچۈن 260 مىڭ يۈەن سەرپ قىلغان، ئوخشاش بولمىغان ئوبيېكتلارغا ئوخشاش بولمىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، تەشۋىقات ئۈنۈمى جەھەتتە تازا كۈچ سەرپ قىلغان - دە، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»تەشۋىقاتى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى بازىسىنى ھەقىقىي ئىگىلىگەن. شىخو ناھىيىسى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، «يەر باشقۇرۇش بىر قانچە يىلدىن بۇيان، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» قاتارلىقلارنىڭ كىتابچىلىرىدىن 2 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىپ، يېزا (فېرما)، كەنتلەرگە تارقىتىپ بەرگەن، تۈرلۈك تەش-

ۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغان ، بۇنىڭ بىلەن 95% تىن ئارتۇق كادىر ۋە ئامما قانۇننى بىلىپلا قالماستىن ، بەلكى دەسلەپكى قەدەمدە قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ۋە قانۇننى قوللىنىدىغان بولغان ، يەر ئىشلىتىشتىكى كونا كۆز قاراشلار چۆرۈپ تاشلىنىپ ، يەر ئىشلىتىش جەھەتتە يېڭى كۆز قاراش ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشى تۇرغۇزۇلغان.

( 3 ) « يەر باشقۇرۇش قانۇنى »ۋە نىزامنى يۇرۇشلەشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ، يەر باشقۇرۇش قانۇن ـ نىزامنى تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشنى ئوبدان تۇتقان. « يەر باشقۇرۇش قانۇنى» بىلەن « ئوتلاق قانۇنى » ، « ئورمان قانۇنى» ، «كان بايلىقلىرى قانۇنى» ، « شەھەر پىلانلاش قانۇنى » قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بەزى تەجرىبىلەر ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. كۇنەس ، توققۇزتارا ناھىيىسىدىن باشقا ناھىيە ، شەھەرلەر ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ، « يەر باشقۇرۇش قانۇنى »ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى چۆرىدەپ ، بەزى تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىپ ، « يەر باشقۇرۇش قانۇنى »نىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان ، بولۇپمۇ ئۈچ خىل قۇرۇلۇشقا يەر ئىشلىتىشتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى بىر قەدەر ئوبدان ھەل قىلىپ ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ۋە يەر بايلىقىنى قوغدىغان. ئالايلۇق ، تېكەس ، نىلقا ، شىخو ، جىڭ ناھىيىلىرى ۋە ئىلى ۋىلايىتى دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئۆي ئورنى بېرىش ۋە كادىرلار ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئۆي يېرى بېرىش چارىسى ۋە يەر ئىشلىتىشنى تەستىقلاش تەرتىپىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ تۈزۈملەر « يەر باشقۇرۇش قانۇنى »نىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. تېكەس ناھىيىسى « يەر باشقۇرۇش قانۇنى »نى يولغا قويۇش جەريانىدا ، « ئوتلاق قانۇنى » ، « ئورمان قانۇنى» ، «كان بايلىقلىرى قانۇنى» ، « شەھەر پىلانلاش قانۇنى» ، « سۇ قانۇنى »قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغانلا ئىش بولسا ، ئالاقىدار رەھبەرلەر ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنى چاقىرىپ بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ ، پىكىرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، مۇناسىۋەتنى بىر قەدەر ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرگەن ، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن.

( 4 ) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ، ئاپپاراتنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى ساپاسى ياخشى ، كەسپىي ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان يەر باشقۇرۇش قوشۇنىنى يېتىشتۈرگەن. تېكەس ناھىيىسى يەرنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ ، تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرغان ، گوۋۇيۈەننىڭ ( 1990 ) 31 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، يەر باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتكەن ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەن ھەمدە يەر باشقۇرۇش قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ۋە خادىملارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن ، شۇنىڭ بىلەن ، ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىدە كەسپىي خادىم بولۇش ، يېزا ـ بازارلاردا كەسپىي خەۋىرى بار ، ساپاسى بىر قەدەر ياخشى مەخسۇس باشقۇرغۇچى بولۇش ، كەنتلەردە يەر باشقۇرۇش ئۇچۇر خادىملىرى بولۇشتەك يەر باشقۇرۇش تورى ۋە بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان يەر باشقۇرۇش قوشۇنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن ، ھازىر ناھىيە بويىچە يەر باشقۇرۇش كادىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىملىرى جەمئىي 152 سى بار ئىكەن. شىخو ناھىيىسى يەر باشقۇرۇش كەسپىي كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ، پۇل خەجلەشتىن قورقماي ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا مەبلەغ سالغان ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ توققۇز يولداشنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن ، ناھىيە بويىچە 20 كىشىنى دۆلەتلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاچقان تەربىيىلەش كۇرسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يەر باشقۇرۇش

ئىدارىسى ئاچقان ئۈگىنىش كۇرسلىرىغا قاتناشتۇرغان.

(5) يەر تەۋەلىكى ئارخىپى تۇرغۇزۇپ، يەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈشنى ھەقىقىي يولغا قويۇپ، يەر باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاساس خىزمەتلەرنى ئىلمىيلەشتۇرگەن ۋە قېلىپلاشتۇرغان. بىز تەكشۈرگەن ناھىيىلەرنىڭ تولىسى يەر تەۋەلىكنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەر باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈگۈشلۈق قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مەسىلەن، تېكەس ناھىيىسى ۋە شىخو ناھىيىسى يەر نوپۇسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك ئارخىپ باشقۇرۇش تورىنى قۇرغان، ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن تارتىپ يېزىلارغىچە ئارخىپ بۆلۈمى قۇرغان؛ دۆلەتنىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىر تۇتاش تەلىپى بويىچە، يەر باشقۇرۇش كەسپىي خىزمەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللارنى رەتلەپ تۈپلىگەن، تەھرىرلىگەن ھەمدە تۈرلەر بويىچە يەر تەۋەلىكنى باشقۇرۇش، يەرنى چارلاپ پىلانلاش، يەر رېئوزىيىسى، يەر ماجىراسى، مەمۇرىي باشقۇرۇش، كەسپىي مالىيىنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئارخىپ تۇرغۇزغان.

(6) قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇننىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى ياخشى يولغا قويغان. يەر باشقۇرۇش تارمىقى ھەم ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارمىقى، ھەم قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان تارماق. «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئۇنى «يولغا قويۇش چارىسى»نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلغانلىقتىن، ئاندىن قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. شىخو ۋە ئىلقا ناھىيىسى ئىدىيىسى ياخشى، ئىستىلى دۇرۇس، ساپاسى يۇقىرى رېئوزىيە قوشۇنى تەشكىل قىلىپ ۋە قانۇن مەسلىھەتچىسى تەكلىپ قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ ئەنزىلەرنى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان. بۈگۈنگە قەدەر 1017 ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە: يەر ھەققى تولۇقلاپ ئېلىنغان ئەنزە 67، رەسمىيەت تولۇقلاپ بېرىلگەن ئەنزە 924، يەر قايتۇرۇۋېلىنغان ئەنزە 17، ئۆي چېقىۋېتىلگەن ئەنزە سەككىز، جەرىمانە ئېلىنغان ئەنزە ئۈچ.

2 . «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نى يولغا قويۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەر

(1) نۆۋەتتە قانۇنغا ئەمەل قىلماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك ئەھۋالى خېلى ئېغىر، ئومۇمىيۈزلۈك ئىكەن. ئاساسلىقى: (1) ئايرىم رەھبىرىي كادىرلار سۆزىنى قانۇن ئورنىغا دەسسەتكەن، ھوقۇقى ئارقىلىق قانۇننى باسقان، يەر ئىشلىتىش، تۆلەم ئېلىش، باجنى ئازايتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، كادىرلار ئۆي سېلىش، شەھەرنىڭ بەشتە ياخشى بولۇش قۇرۇلۇشى، كارخانىلار يەر ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە قانۇن بويىچە ئىش قىلماي، خالىغانچە تەستىق سالغان. مەسىلەن، كۇنەس ناھىيىسىدىكى ئايرىم رەھبەرلەر «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نى ئېتىبارغا ئالماي، ھوقۇقىدىن ھالقىپ 4000 مو يەرنى تەستىقلاپ بەرگەن. بىز ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغان چاغدا، بۇ ناھىيىنىڭ يەر باشقۇرۇشقا مەسئۇل رەھبىرى بۇنى قانۇنغا خىلاپ ئىش دەپ قارىماي، قانۇننى ئىجرا قىلىش كەسپىي تارماقنىڭلا ئىشى، دەپ قارىدى. «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»دا «دۆلەت قۇرۇلۇشى ۋە يېزا (بازار)، كەنتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا يەرنى تېجەپ ئىشلىتىش كېرەك. تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلىمەي، بوز يەرلەردىن پايدىلانسا، ياخشى يەرلەرنى ئىشلەتمەي، ناچار يەرلەردىن پايدىلانسا بولىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن. كۇنەس ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلماي، كەڭلىكى 3.2 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 5700 مېتر كېلىدىغان تاشيول ياساشنى قارار قىلىپ، قانۇن بويىچە رەسمىيەتمۇ ئۆتىمەي، خالىغانچە دېھقانلار ھۆددىگە ئالغان تېرىلغۇ يەرنى ئىشلەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانۇن - سىياسەت بويىچە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇ-

شىنمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرمىغان، ئۇلارغا مۇۋاپىق تۆلەممۇ بەرمىگەن، بۇنىڭغا ئامىمنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان. (2) مەمۇرىي ۋاستىنى قانۇنىي رەسمىيەت ئورنىغا دەسسەتكەن. بەزى جايلار سۇ - تۇپراق ئېچىشتا، قانۇن گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ چارۋىچىلارغا تارقىتىپ بېرىلگەن ئوتلاقتىن پايدىلىنىش كىنىشكىسىنى مەيلىچە توختىتىپ ياكى بىكار قىلىپ، چارۋىچىلار ھۆددىگە ئالغان ئوتلاقنى سۇ - تۇپراق ئېچىش تارماقلىرىغا خالىغانچە ئايرىپ بەرگەن، بۇنىڭ بىلەن «بىر يەرنىڭ ئىككى كىنىشكىسى» بولۇشتەك ئەھۋال پەيدا بولۇپ، ھەم «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»، «ئوتلاق قانۇنى»غا خىلاپلىق قىلىنغان، ھەم دېھقان - چارۋىچىلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىنىپ، تىنچ - ئىتتىپاقلىققا تەسىر يەتكۈزۈلگەن. (3) بەزى جايلار دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى ۋە ئەمەلىي كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى نەزەردە تۇتماي، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە «بەشتە ياخشى بولۇش»قۇرۇلۇشىنى باھانە قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تېرىلغۇ يېرى ۋە ئوتلاقلىرىنى خالىغانچە ئىگىلىۋالغان. (4) بەزىلەر ھەتتا «ئورتاق مۈلۈك»، «تەكشى تەقسىمەش» شامىلىنى چىقىرىپ، دېھان - چارۋىچىلار ھۆددىگە ئالغان يەر ۋە ئوتلاقنى خالىغانچە ھەقسىز مۇسادىرە قىلغان، ئاساسىي قانۇندىكى پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق خىلاپلىق قىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆي - قوتان قاتارلىق شەخسىي مال - مۈلكىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. (5) قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئېڭى بىر قەدەر ئاجىز ئىكەن.

(2) شەكلى ئۆزگەرگەن يەر سودىسى مەسىلىسى ئايرىم جايلاردا بىر قەدەر ئېغىر ئىكەن. ئۇزۇندىن جايلاردا شەخسلەرنىڭ ھويلا - ئارامىلىرى ۋە ھۆددىگە ئالغان يەرلىرىنى ئۆزئۆملۈك باشقۇرۇش يېتەرسىز بولۇپ، ئورۇنلار بىلەن ئورۇنلار، ئورۇنلار بىلەن شەخسلەر، شەخسلەر بىلەن شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا قانۇن بويىچە رەسمىيەت بېجىرمەي، يەر ئىشلىتىش بېجى تاپشۇرماي ۋە يەر باھاسى پەرقىدىن پايدىلىنىپ شەكلى ئۆزگەرگەن يەر سودىسى قىلىپ، ئۇمۇمغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى نەپ ئالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەن. بۇنداق ئەھۋال كوناس، توققۇزتارا ناھىيىلىرى ۋە بورتالا شەھرىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىكەن.

(3) سۇ - تۇپراق ئېچىشتا قانۇنغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى كۆرۈلگەن. بىر مۇنچە جايلار «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نى يولغا قويۇش جەريانىدا خىلاپلىق قىلىپ، بوز يەرنى قالايمىقان ئاچقان. مەسىلەن، 1991 - يىلى پەقەت ئىلى ئوبلاستىدىلا 72 مىڭ 300 مو ئوتلاقنى كەلسە - كەلمەس ئاچقان. شۇنىسى ئالاھىدە ئېغىر بولغانكى، ئىلى ۋە بورتالا ئوبلاستى ئېچىۋەتكەن ئوتلاق، ئورمانلارنىڭ بىر قىسمى دۆلەت مەبلەغ سېلىپ بەرپا قىلغان قورۇلۇق ئوتلاق، سۈپەتلىك ئوتلاق، ئايروپىلان بىلەن ئۇرۇق چېچىلغان ئوتلاق ئىكەن، بەزىلىرى ھەتتا بىدىلىك ۋە قاپلىنىش دەرىجىسى 40 ~ 50% تىن ئاشىدىغان ئورمانلىق ئىكەن.

بۇنىڭدىن باشقا، بەزى قىسملار، ئورگانلار، كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلار يەرنى ئۆزلۈكىچە ئىگىلىۋېلىپ، ئىشلەتمەي تاشلاپ قويغان، يەرلىككىمۇ قايتۇرۇپ بەرمىگەن. رايونلار پاسلى ۋە ئوتلاق چېگرىسى ئېنىق بولمىغاچقا، جايلار ئوتتۇرىسىدا دائىم يەر (ئوتلاق، ئورمانلىق) ماجىراسى كۆرۈلۈپ تۇرغان - دە، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، تىنچ - ئىتتىپاقلىققىمۇ تەسىر يەتكەن.

### 3. پىكىر ۋە تەۋسىيەلەر

(1) دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دې-

موكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم. بىرىنچىدىن، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىققا دائىر ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى ئوبدان تۇتۇش ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئېڭى ۋە قانۇن قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇنغا ئەمەل قىلىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»، «ئوتلاق قانۇنى»، «ئورمان قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇن ئالدىدا كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ باراۋەر بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىززىتىنى قوغداش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىققا دائىر ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىش بۇرچىنى قانۇنچىلىق ئىزىغا سېلىپ، ئۇنى كادىرلارنى ئىشقا قويۇش ۋە ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم بىر تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى قىلىش كېرەك.

( 2 ) يېزىلاردىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە يېزىلاردىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشتە، ئاممىۋى لۇشيەندە قەتئىي مېڭىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش، تۈر بويىچە يېتەكلەش كېرەك، ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىشقا، ئوبيېكتىپ شارائىتقا قارىماي، ئۆلۈك ھالدا ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشكە، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە ھەرگىز بولمايدۇ. سۇ - تۇپراقنى ئېچىشتا، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئۇستۇنلۇكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، ئۆز ئالدىغا سىياسەت چىقىرىش ئەھۋالىنى قەتئىي تۈزىتىش ۋە توسۇش لازىم.

( 3 ) ئاپتونوم رايون ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پىلان، مالىيە، يەر، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى، ئورمانچىلىق، مال باھا ۋە باج تارماقلىرىدىن تەركىب تاپقان سۇ - تۇپراقنى ئېچىشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى ھەر تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇشنى ئوبدان ئىشلىسە؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇ - تۇپراقنى ئېچىشتا ئوتتۇرىغا چىققان قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرنى ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كۆرۈلگەن نۇقسانلارنى تېزرەك ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىپ، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ ۋە ئۇلارنىڭ سېپىلقىنى يېنىكلىتىپ، ئىقتىساد، ئېكولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئومۇميۈزلۈك ئالغا بېسىشىنى كاپالەتلەندۈرسە.

( 4 ) دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىققا دائىر ئىقتىسادىي نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالاقىدار قانۇن - نىزاملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى كېلەر يىلى (ئاخىرى 5- بەتتە)

# قانۇندا بېرىلگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، ئەدلىيە نازارەتچىلىكىنى ياخشىلايلى

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتى
ئىچكى ئىشلار - ئەدلىيە باشقارمىسىدىن شۆگۆدېبىن

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى ئۈستىدىن قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكى يۈرگۈزۈشى خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان سوتسىيالىستىك تۈپ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن بويىچە نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى; نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يەنىلا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم تېمىدۇر. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**1 . يېتەكچى ئىدىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش**

ئۈستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولغان قانۇن ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئەدلىيە نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرۇشتا يېتەكچى ئىدىيىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. يەنى ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەت، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇننى توغرا ئىجرالاشتۇرۇشىغا مەدەت بېرىپ ۋە نازارەتچىلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى پەيدىنپەي قانۇنلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردە قانۇننى مىزان قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەت ۋە پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراتماي، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاش كېرەك.

بىرىنچى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرالاشتۇرۇشى ۋە دۆلەت قانۇنلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشىغا مەدەت بېرىش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە ئىجتىمائىي ئامانلىق ۋەزىيىتى كەسكىن، ئىجتىمائىي زىددىيەت مۇرەككەپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۇشكۈل. جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان يەتكۈزگەن جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرگە داۋاملىق ھالدا قانۇن بويىچە ئېغىر، تېز زەربە بېرىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش زۆرۈر بولۇپلا قالماي، ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە، ئون نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان ھەق

تەلەپ ئەنزىلىرى ، ئىقتىسادىي ئەنزىلەر ۋە مەمۇرىي ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئالدى بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ ، قانۇن قورالىنى توغرا ئىشلىتىپ ، فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ ، ئەدلىيە پائالىيەتلىرىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل قانات يايدۇرۇپ ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا تۆھپە قوشۇشىغا مەدەت ۋە ياردەم بېرىشى ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە قانۇننى توغرا ، مەدەنىيەتلىك ، ئادىل ئىجرا قىلىپ ، ئۆز قوشۇنىنىڭ پاكلىقىنى ساقلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىشى كېرەك .

ئىككىنچى ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى ۋە قانۇننى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغدىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرتىپكە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي ھەم ئېھتىياتچانلىق بىلەن زەربە بېرىش ؛ ئىككىنچىدىن ، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ ، كارخانىلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك. بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرى بۇ جەھەتتە كۆپ خىزمەت ئىشلەپ ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور نەتىجە ياراتتى. لېكىن بەزى مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا : ( 1 ) خىيانەتچىلىك ، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ جىددىيلىكى ۋە مۇھىملىقىنى تونۇش يېتەرسىز ، زەربە بېرىش كۈچلۈك ، ۋاقتىدا ئەمەس ؛ ( 2 ) بېجىرىلگەن ئەنزە قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ ، تۇتۇلغان ئادەم قانچە كۆپ بولسا شۇنچە نەتىجىلىك بولىدۇ ، دەپ قارىلىپ ، جىنايەت بىلەن جىنايەتسىزلىكنىڭ چەك - چېگرىسى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلماقتا ، ئەنزە بېجىرىش سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس ؛ ( 3 ) قانۇننى ئىجرا قىلىش جەريانىدا قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان ئەھۋال بار. بۇلار گەرچە ئاز سانلىق بولسىمۇ ، لېكىن خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ، سىياسىي سەۋىيە ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەلق ئاممىسى جۈملىدىن دەۋالاشقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەپ ۋە قوغداپ ، ياخشى ئىجتىمائىي - قانۇنىي مۇھىت يارىتىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك . ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا پۇقرالار بەھرىمەن بولىدىغان ئاساسىي ھوقۇقلار ۋە دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىدىكى ھوقۇقى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە بار. ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى خادىملار ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا بۇنىڭغا قەتئىي ئەمەل قىلىپ ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداشقا دىققەت قىلىشى كېرەك. قولغا ئالغاندا ياكى باشقا زورلاش تەدبىرىنى قوللانغاندا چوقۇم ئېھتىياتچان بولۇپ ، قانۇنىي تەرتىپلەر بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك .ھازىر ئەدلىيە كادىر - ساقچىلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيىسى تەكشى ئەمەس ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا خ ق دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئىستىلىنى ياخشىلاپ ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم.

**2 . نازارەتچىلىك شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى توغرا قوللىنىپ ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش**

ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە شەكىلنى قوللىنىۋاتىدۇ:

1) خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش. بۇ خىزمەتنى تېگىشلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئالاقىدار ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى تەييارلىق ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. بىرىنچىدىن، ھەر تەرەپلىمە ئويلىشىپ، بالدۇر ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. يىللىق پىلاندا، دوكلات بەرگۈچى ئورۇن، دوكلات مەزمۇنى ۋە دوكلات بېرىش ۋاقتى توغرىسىدا دەسلەپكى لايىھە بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، دائىمىي كومىتېتقا رەسمىي دوكلات قىلىشتىن بۇرۇن، ئالاقىدار ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ئالدى بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، دوكلاتنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ۋەكىللەرنى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشكە ئويۇشتۇرۇپ، يىغىنغا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى تەييارلاش كېرەك. تۆتىنچىدىن، دائىمىي كومىتېتقا ئالاقىدار قارار - بېكىتمىلەرنىڭ كۆپىيىسىنى تەييارلاش كېرەك.

2) قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: بىرىنچىدىن، مەلۇم مەزگىلدە ئەدلىيە سىستېمىسىدا قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، ئالدى بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۆزى تەكشۈرۈش، ئاندىن خ ق دائىمىي كومىتېتى ئالاقىدار خادىملارنى ئويۇشتۇرۇپ ئايرىلاپ تەكشۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ياكى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنى شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەپ، كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقىپ، ئۇنى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزۈپ ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، بىر ياكى بىر قانچە قانۇن - نىزامنىڭ ئىجراسىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش؛ ناھىيەدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى يەنە بەزى ئالاھىدە مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەشكىللەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقىپ، مۇناسىپ قارار چىقارسا بولىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى ئەستايىدىل بېجىرىشىگە تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىش. قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە، بىرىنچىدىن، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قاراتمىلىقنى كۈچەيتىش، دائىرىنى بەك كېڭەيتىۋەتمەسلىك كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، تەكشۈرۈش ئۈچۈنلا تەكشۈرمەي، تەكشۈرۈشنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنىنى ۋەزىيەتنىڭ ھەمدە شۇ جاينىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆپ خىل قىلىش، ھەر يىلى «كونا قېلىپ» بويىچە ئېلىپ بارماسلىق كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، تەكشۈرۈشتە سېزىلگەن ياخشى تىپلارنى مۇكاپاتلاش، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك.

3) خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرز - شىكايىتىنى قوبۇل قىلىش. 1989 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 49 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ماقۇللىغان ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ دەۋا خاراكتېرلىك ئەرز ئەنزىلىرىنى بېجىرىشتىكى ۋاقىتلىق چارىسى بويىچە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئادەتتە تۆۋەندىكى ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ: ئادەتتىكى ئەرز - شىكايەتلەر ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللىنىدۇ؛ بىر قەدەر مۇھىم ئەنزىلەر ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ چەكلىك مۇددەتتە بېجىرىشىگە ھەمدە نەتىجىسىنى

دوكلات قىلىشقا يوللىنىدۇ؛ چوڭ - چوڭ ئەرز - شىكايەتلەر ئۆزى بېرىش، تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولى بىلەن ياكى دېلونى كۆرۈپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن تەۋسىيە قويۇپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ؛ ئىختىلاپ بار ئەنزىلەر مۇدىرلار يىغىنىغا دوكلات قىلىنىدۇ؛ ھەقىقەتەن خاتالىق بار ھۆكۈم، كېسىم ياكى قارار مۇدىرلار يىغىنى ئارقىلىق شۇ دەرىجىلىك سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنىي تەرتىپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەمدە بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى دوكلات قىلىشقا تاپشۇرۇلىدۇ.

خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئاممىسىدىن كەلگەن ئەرز - شىكايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى مۇنداق ئىككى مەسىلىگە چېتىلىدۇ، بىرى كونكرېت ئەنزىنى سۈرۈشتە قىلىش - قىلماسلىق، يەنە بىرى دېلونى ئېلىپ كۆرۈش - كۆرمەسلىك. بەزىلەر: خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەدلىيە ئورگىنىغا نازارەتچىلىك قىلغاندا ئۇنىڭ ئابستراكت ھەرىكىتىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ، كونكرېت ئەنزىگە ئارىلاشمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش خاتا. بىرىنچىدىن، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىغا بېرىلگەن نازارەتچىلىك ھوقۇقى ئەمەلىي ھوقۇق بولۇپ، مەمۇرىي ھوقۇق، تەپتىش ھوقۇقى ۋە سوت قىلىش ھوقۇقىنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. كونكرېت ئەنزىلەرنى بېجىرىش ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ، ئەدلىيە ھوقۇقىنىڭ ئەمەلىي گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەمەلىي گەۋدە چەكلىمىگە ئۇچرىمىسا، ئابستراكت ھەرىكەتكە نازارەتچىلىك قىلىش شەكىلگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئىككىنچىدىن، قانۇندا خ ق دائىمىي كومىتېتىغا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلىش مەسئۇلىيىتى بېرىلگەن. ئەرز - شىكايەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ كونكرېت ئەنزىلىرىگە چېتىلىدۇ، قوبۇل قىلىش ئەمما نازارەتچىلىك قىلماسلىق مەنتىققە سىغمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتى بىلەن كونكرېت ئەنزىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت پۈتۈنلۈك بىلەن قىسمەنلىك، ئومۇمىيلىق بىلەن ئالاھىدىلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولىدۇ. قىسمەنلىك بولمىسا، ئومۇمىيلىق بولمايدۇ. كونكرېت ئەنزىلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ نازارەتچىلىك ئۈستىدە توختالغاندا، نازارەتچىلىك ھوقۇقى تولۇق يۈرگۈزۈلمەيدۇ. بولۇپمۇ ھازىر قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بىر قەدەر كۆپ بولغان ئەھۋالدا، بەزى كونكرېت ئەنزىلەر ئۈستىدە بىۋاستە نازارەتچىلىك قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر ۋە مۇھىم. تۆتىنچىدىن، كونكرېت ئەنزىلەر ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلغاندا ئۇنۇم بىر قەدەر ياخشى بولىدىكەن، بۇ ھال بۇنداق نازارەتچىلىك شەكلىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، كونكرېت ئەنزىلەردە، ئومۇمەن، ئەدلىيەئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ نورمال خىزمىتىگە دەخلى قىلماسلىق ياكى چات كىرىۋالماسلىق لازىم، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئورنىدا كونكرېت ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

دېلونى ئېلىپ كۆرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا، بەزىلەر: خ ق دائىمىي كومىتېتى دېلونى ئېلىپ كۆرۈش ئىككى مەھكىمىنىڭ ئەنزىلەرنى مۇستەقىل بېجىرىشىگە ئارىلىشىۋالغانلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراشمۇ خاتا. ئەنزە ئارخىپلىرىدا قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ كونكرېت ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن بولىدۇ، ئارخىپلارنى كۆرمىگەندە، ئەدلىيە ئورگانلىرى بېجىرگەن ئەنزىلەرنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلىش قىيىن. ئەدلىيە ئورگانلىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى شەرت ئىكەن، ئۇلارنىڭ نازارەتچىلىك ئورگانلىرىنى دېلولارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاقىدار ما-

تېرىياللار بىلەن تەمىنلەش مەجبۇرىيىتى بار.

4) خەلق ۋەكىللىرىنى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا ئۇيۇشتۇرۇش. بۇ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى يېڭى ئىزدىنىش بولۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتىدىكى خاتالىق ۋە ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. بۇ ئىشنى مۇنداق بەش باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن: (1) تەييارلىق باسقۇچى. ئالدى بىلەن باھالاش لايىھىسى، مەزمۇنى جۈملىدىن دائىرىسى، ۋاقتىسى بېكىتىلىدۇ. (2) ئۆگىنىش باسقۇچى. باھالاشقا قاتناشقان ۋەكىللەر ئالاقىدار قانۇنلارنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، قانۇن قوراللىرىدىن خەۋەردار قىلىنىدۇ. (3) تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش باسقۇچى. باھالاشقا قاتناشقان ۋەكىللەر بىرقانچە گۇرۇپپىغا ئايرىلىپ، ئالاقىدار ئورۇنلارغا ۋە ناھىيە، شەھەر، رايونلار ھەمدە يېزا - بازارلارغا بېرىپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاممىنى زىيارەت قىلىپ، دېلولارنى كۆرۈپ، بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئىگىلەيدۇ. (4) باھالاش باسقۇچى. كەڭ، چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئاساسىدا، باھالاش يىغىنى ئېچىلىدۇ. ۋەكىللەر قانۇننىڭ ئىجراسىنى ۋە كونكرېت ئەنزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالىنى چۆرىدەپ پىكىر بېرىپ، باھالاش ئېلىپ بارىدۇ. (5) تەرتىپكە سىلىش - تۈزىتىش باسقۇچى. ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەۋسىيەلەرنى ئەدلىيە ئورگانلىرى بىر - بىرلەپ مۇھاكىمە قىلىپ بىرتەرەپ قىلىدۇ ھەمدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، قائىدە - تۈزۈملەرنى تۈرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەتنى كۈچەيتىدۇ ۋە ياخشىلايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، باھالاشنى قانات يايدۇرۇش ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى ۋە قانۇن بويىچە ئەنزە بېجىرىشكە ياخشى تاشقى مۇھىت يارىتىپ، سىياسىي - قانۇن كادىر - ساقچىلىرى بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپ، ھەم ۋەكىللەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشىدىكى ياخشى شەكىل، ھەم ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە قوللاش.

## 3. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشىدىكى قانۇنىي ئاساس — ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇن، ئۇنىڭ مەقسىتى — قانۇنغا ئاساسلىنىش، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈش. بۇنداق يۇقىرى قاتلاملىق ماكرولۇق نازارەتچىلىك قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

بىرىنچى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ھەقىقىي ئىگىلەش كېرەك. ئەھۋال ئىگىلەشتە، ئەدلىيە ئورگانلىرىدىن ماتېرىيال ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ، ئەدلىيە ئورگانلىرى چاقىرغان ئالاقىدار يىغىنلارغا ئادەم قاتناشتۇرسىمۇ بولىدۇ، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئاياقلاشتۇرغان دېلولارنى ئېھتىياجغا ئاساسەن ئېلىپ كۆرۈپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە باھالاش ئۇسۇلىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى كونكرېت خىزمەتلەرگە ئارىلاشماسلىق، چات كىرىۋالماسلىق كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەدلىيە خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشنى قانۇنىي تەرتىپلەر ئارقىلىق ئېلىپ بارسا بولىدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى تۈزىتىپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە نازارەتچىلىك قانۇنى تېخى

تۈزۈلمىگەنلىكتىن، نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت تەرتىپلىرى تېخى ئېنىق ئەمەس، بەزى كونكرېت مەسىلىلەر ۋە ئەنزىلەرگە نازارەتچىلىك قىلىشتا قىيىنچىلىق بار، بۇنى ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئەھۋال ئۇقۇشۇش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. قىسقىسى، ئەدلىيە خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشنى ھازىرقى قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن دائىرىدە ئېلىپ بېرىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىكمۇ قىلماسلىق، ھوقۇقتىنمۇ ھالقىپ كەتمەسلىك كېرەك.

ئۈچىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىردەكلىككە ئىگە. چوڭ - چوڭ ئەنزىلەرگە نازارەتچىلىك قىلىشتا مەسىلىگە يولۇققاندا، شۇ دەرىجىلىك پارتكومغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىش كېرەك. بۇ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

## پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى مۇكەممەل، توغرا چۈشىنىش كېرەك

«جۇڭگو ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان بىر ماقالىدە مۇنداق دېيىلدۇ: پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن سىستېمىلىق ئىدراكىي بىلىم بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ نەزەرىيىۋى يادروسىدۇر. ئۇ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونا قېلىپتىكى سوتسىيالىزم نۇقتىسىنەزەرىدىنمۇ پەرقلىنىدۇ، جۇڭگونىڭ ئىلگىرىدىكى «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش» نەزەرىيىسىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەھۋالىنىمۇ ئاساس قىلىدۇ، ئېچىۋېتىش خاراكتېرىگىمۇ ئىگە، زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش مەركەز قىلىنغان، باي، مەدەنىيەتلىك، دېموكراتىك بولۇش بىر گەۋدە قىلىنغان ئىلمىي سوتسىيالىزم ھەققىدىكى يېڭى نەزەرىيە بولۇپ، بۇندىن كېيىنكى خېلىلا ئۇزاق بىر تارىخىي باسقۇچتىكى نەزەرىيە، سىياسەت ۋە ھەرىكىتىمىزنىڭ پروگراممىسىدۇر.

# ۋەكىللىك بۇرچۇمنى رازىمەنلىك بىلەن ئادا قىلدىم

ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى

**جاڭ جيېنشىن**

مەن سايباغ رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا ، بىر يىلدىن بۇيان خەلق ۋەكىلى بولۇش بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتىم.

**1 . ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ، ئىدىيىۋى تونۇشۇمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۈم**

1990 - يىل 4 - ئايدىكى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا ، مەن سايباغ رايونلۇق 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندىم. شۇ چاغدا خۇشالمۇ بولدۇم ، ئەندىشىمۇ قىلدىم : مەندەك 30 نەچچە يىللىق مائارىپچىنىڭ خەلق ۋەكىلى بولالىغانلىقىدىن خۇشال بولدۇم ؛ مەن 12 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئەخلاق تەربىيىسى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ئىدىم ، خىزمەت ۋەزىپەم ئېغىر ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر كۆپ ، ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشۇم يېتەرسىز ھەم بۇ جەھەتتىكى تەجرىبەم كەمچىل ئىدى ، سايلىغۇچىلارنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالماسمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلدىم. بولۇپمۇ يېڭى ۋەزىيەتتە ، خەلق ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ماسلىشىش ھەر بىر ۋەكىلنىڭ ئالدىغا قويۇلغان يېڭى تېما ئىدى ، بۇ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا تېزدىن ماسلىشىش ئۈچۈن ، بىر تەرەپتىن پائال تۈردە سايباغ رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن يوليورۇق سورىدىم ، يەنە بىر تەرەپتىن كەمتەرلىك بىلەن پېشقەدەم ۋەكىللەردىن تەجرىبە ئۆگەندىم ، تېخىمۇ مۇھىمى پارتىيىنىڭ فاڭجېن ، سىياسەتلىرى ۋە قانۇنلارنى ئۆلچەم قىلىپ ، ئۆگىنىشىمنى كۈچەيتىپ ، تونۇشۇمنى ئۆستۈرۈپ ، بىلىم دائىرەمنى كېڭەيتتىم. ئاساسىي قانۇن ، قانۇنلار ، نىزاملار ھەمدە پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىدىن ماۋزېدۇڭ ، ليۇشاۋچى ، جوۇئېنلەي ۋە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلاردىن دېڭ شياۋپىڭ ، جياڭ زېمىن ، پېڭ جېن قاتارلىقلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە دائىر بايانلىرىنى ئۆگەندىم. بۇ ئارقىلىق ھازىرقى باسقۇچتىكى ۋەكىللەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ، ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ ، ۋەكىللىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقىم ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىمنى كۈچەيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدىن كېيىن ،يۇقىرىنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەنگە يەتكۈزۈش ، تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىش ئۈچۈن ، پائال تۈردە سايلام رايونىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلارغا بېرىپ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدۈم ھەمدە بايرام ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ھەر قايسى ئاھالە كومىتېتلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنغا بېرىپ ، يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزدۈم ، ھەر قايسى قاتلاملاردىكى خەلق ئاممىسىدىن كەڭ تۈردە پىكىر ئالدىم. نۇرغۇن ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەر ۋە

ئاما مېنىڭ جاپادىن قاچماي ئاما ئارىسىغا بارغىنىمنى كۆرۈپ، قىزىقارلىق ھالدا: «بىزنىڭ خەلق ۋەكىلىمىز ھەقىقەتەن جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ» دېيىشتى. ئاممىنىڭ ماختىشى مېنىڭ خىزمىتىمگە تۈرتكە بولدى، شۇنداقلا خىزمىتىمنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولدى. بىرىيىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، مەن ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى بىلەن كوللېكتىپ ھالدا كۆزدىن كەچۈرۈش، زىيارەت قىلىشتىن سىرت، يەنە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ سايلام رايونىدىكى يەتتە ئورۇن ۋە قىسمەن ئاھالە كومىتېتىغا بېرىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 700 ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم، سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتتىم، مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇردۇم، ھېسسىياتنى ئورتاقلاشتۇردۇم، بۇ مېنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ماسلىشىشىمغا ياخشى ئاساس بولدى.

## 2. ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدىم

ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەملىشىپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ۋەكىل بولغۇچىدا ئالدى بىلەن كۈچلۈك كەسىپچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بولۇشى كېرەك. شۇڭا، خىزمەت قانچە ئالدىراش بولسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ خەلق ۋەكىلى ئىكەنلىكىمنى، خەلقنىڭ مەندىن كۈتكەن سەمىمىي ئۈمىدىنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. مەن «پۇتى چاققان، كۆزى روشەن، قۇلىقى ساز» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇم. بۇنداق قىلغاندا، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى چۈشەنگىلى، ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىگىلىگىلى، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە تەكلىپ بەرگىلى بولىدىكەن. مەسىلەن، ئاما دائىم: «پىكىر بەرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ نەچچە ئون قېتىم پىكىر بەردۇق، سىلەر ھەل قىلالمىدىڭلار» دېدى. مېنىڭچە، بۇ گەپنىڭ مەلۇم ئاساسى بار. مەن زىيارەت قىلىش جەريانىدا، ئاممىنىڭ مەسىلىلەرگە قارىشىنىڭ ئەتراپلىق ئەمەسلىكىنى، ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرىنىڭ كەملىكىنى، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ تەڭشەش، تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا يولۇققان ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلىرىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى، ئاما ئوتتۇرىغا قويغان ھەر بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ھەقىقەتەن ناھايىتى زور كۈچ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاممىنىڭ بۇ خىل كۆز قارىشىنى قانداق قىلغاندا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئابرويىنى قوغداش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ئىنكاس قىلىش كېرەك. بەزى مەسىلىلەرنى سايلىغۇچىلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش كېرەك. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، مەن خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا 20 دىن ئارتۇق تەۋسىيە، پىكىر ۋە تەكلىپ بەردىم، ئۇنىڭ 50 پىرسەنتى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھەل بولدى، 100 پىرسەنتى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ جاۋاب بېرىشىگە ئېرىشتى. ھەل بولمىغان قىيىن مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، جەنۇبىي ۋوگزال يۇڭ مەيدانى توپ تارقىتىش بازىرى ئەتراپىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانا، تۆمۈر يول 4 - ئوتتۇرا مەكتەپدىن يۇڭ مەيدانىغا كىرىش ئېغىزىغىچە بولغان زەي تاشما يول مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەن سايباغ رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، خىزمەتتە ھېرىپ كەتسەممۇ، سالامەتلىكىم ناچار بولسىمۇ، ئالاقىدار تارماقلاردىكى رەھبەرلەرنى نەچچە ئون قېتىم ئىزدىدىم، ئۇلار چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا: «سەندەك ۋەكىلنى بىز ناھايىتى ئاز كۆرگەن، بىز تېزلىكتە ھەل قىلىپ بېرەيلى» دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاممىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى، ئۇلار خۇشال ھالدا: «بىزنىڭ خەلق ۋەكىلىمىز خەلق ئويلىغاننى ئويلاپ، خەلق ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئاما ئۈچۈن چوڭ ياخشى ئىش قىلىپ بەردى» دېدى.

## 3. كۆۋرۈكلۈك رولۇمنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى

ئىشلىدىم

ۋەكىل بولغان كىشى ئاما بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولۇشى كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتە
كۆۋرۈكلۈك رولنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە ماسلىششتا ئىنتا-
يىن مۇھىم. بىر تەرەپتىن ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۇلار
ئۈچۈن ئىشلەپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ۋەكىللىرىگە قانۇندا
بېرىلگەن ھوقۇقنى تونۇش كېرەك. ئەگەر ۋەكىل بولۇشنى بىر خىل شەرەپ دەپلا بىلىپ، ئاممىنىڭ دەر-
دىنى چۈشەنمەي، خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلماي، سايلام رايونىغا بېرىپ پارتىيە-
نىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرى ۋە قانۇن - نىزاملارنىپائال تەشۋىق قىلمىساق، ۋەكىللىك رولىمىزنى جارى
قىلدۇرالمايمىز. مەن سايلام رايونى ۋە ئاھالە كومىتېتلىرىغا زىيارەتكە بېرىپ پىكىر ئالغان چاغلاردا،
ئاما دائىم ئوتتۇرىغا قويىدىغان لېكىن ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئوت-
تۇرىغا قويغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىدىغان، سۆزلىگەنسېرى كۆچەپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى.
بۇنداق ئەھۋالدا، ۋەكىل بولغۇچى پارتىيىنىڭ پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيتىنى ئۇن-
تۇپ قالماسلىقى، جىددىيچىلىكنى پەسەيتىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك. مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇسۇلۇم:
بىردە چىڭ تۇرۇش، ئىككىدە زېرىكمەسلىك، ئۈچىنى ئورۇنداش بولدى. يەنى: پارتىيىنىڭ فاڭجېنى ۋە
قانۇنلارنى ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق تەربىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ ئاممىنىڭ پىكرىنى
ئاڭلىغاندا زېرىكمەسلىك، ئاما پىكىر قىلىپ يىپپىشۋالغاندا زېرىكمەسلىك؛ ئاما بەزى مەسىلىلەرنى
چۈشەنمىگەندە قائىدە سۆزلەپ قايىل قىلىش، ئەھۋالنى ئېنىق سۆزلەش؛ ئاممىنىڭ كۆز قارىشىدا تۇ-
تۇقلۇق بولسا، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئابروينى قوغداپ، قانۇن - نىزاملار
ئارقىلىق ئاممىنى قايىل قىلىش ۋە تەربىيىلەش؛ ئاما مەسىلىگەبىر تەرەپلىمە قارىغاندا، پارتىيىنىڭ سى-
ياسەتلىرى ئارقىلىق ئاممىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، قىسمەنلىكنى ئۇمۇملۇققا بويسۇندۇرۇشنى ئېنىق سۆز-
لەش، ئاممىنىڭ تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتى-
پاقلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە ماسلىششنى ئىشقا ئاشۇرۇش. تۆمۈر يول 4 - ئوتتۇرا، 12 - ئوت-
تۇرا مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى 3 - يول ئاپتوبۇس بېكىتىدە يول چىرىقى يوق، قاپقاراڭغۇ بولغاچ-
قا، ئوقۇغۇچىلار كەچتە دائىم نامەلۇم كىشىلەرنىڭ تەھدىت سېلىشىغا، يول توسۇپ پۇل سورىشىغا
ئۇچرايتتى، ئىككى قىز ئوقۇغۇچى ھاقارەتلەنگەن، بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈ-
رۈلگەن، بۇ ئىشلار جەمئىيەتتە ۋە ئاتا - ئانىلاردا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان، پىكىر كۆپ بولغانىدى.
بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مەن خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ئاكتىپلىق بىلەن تەكلىپ بەردىم ھەمدە
ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارغا بېرىپ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدىم، ئاتا - ئانىلار يىغىنىدىن پايدى-
لىنىپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالنى توغرا چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈردۈم. بۇلتۇر مەن يەنە ئالاقى-
دار تارماقلارغا كۆپ قېتىم بېرىپ، بۇ مەسىلىنى ئىنكاس قىلدىم. ئاخىرى بۇلتۇر 7 - ئۆكتەبىردە يول چى-
رىقى ياندى. ئىككى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاتا - ئانىلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ
ئاممىنى غەمدىن خالاس قىلغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە رەھ-
مەت خېتى يازدى. بەزى مەكتەپلەر بىر تەرەپلىمە ھالدا سىنىپ كۆچۈش ئۆنۈمىنى قوغلىشىپ، ئۆگىنىشى
ناچار ئوقۇغۇچىلارنى تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، مەكتەپتىن ھەيدەپ، جەمئىيەت، ئاتا - ئانىلار ۋە
ئاما ئارىسىدا ئەكس تەسىر پەيدا قىلدى. ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن
ئەھۋال ئىگىلەپ، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلارنى زىيارەت قىلدىم.

(ئاخىرى 28 - بەتتە)

▲ خەۋەر ▲

# ئاپتونوم رايونىمىزدا «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى قىزغىن تەبرىكلەندى

**ژۇرنىلىمىز خەۋىرى :** «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى» يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر - مۇھاجىرلار خىزمىتى كومىتېتى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە 1991 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۈەن ، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن ماھمۇت قاسىم ، شارشىبېك سىدىق ، مامكىلياڭ ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن خەن يۈۋېن ، ئىبراھىم روزى ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئىسمايىل مەخسۇت قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بازاربېك ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى ، تەيۋەن خىزمەت ئىشخانىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش «ئۈچ خىل قېرىنداشلار» بىرلەشمە دوستلۇق جەمئىيىتى ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ، ئەمگەك نازارىتى ، ج خ نازارىتى ، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى ، دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ، تاموژنا ، خەلق بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى ھەمدە خ ق دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر - مۇھاجىرلار خىزمىتى كومىتېتى ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاجىرلار خىزمىتى ئىشخانىسى ، مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە كادىرلار ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ، ھەر مىللەت ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 200 گە يېقىن كىشى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

يولداش ۋاڭ لېچۈەن ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن كۆپچىلىكنى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىدى ھەمدە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ چەت ئەلدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بەخت - سائادەت تىلىدى. ئۇ مۇنداق ھېسابلىدى : بىر يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش ، ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى ياخشى بولدى ، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ شىنجاڭدىكى 200 مىڭ ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم كۈچ ئىكەنلىكىنى ، شىنجاڭنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش ، ھەمكارلىشىشىدا مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. يولداش ۋاڭ لېچۈەن تەكىتلەپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى : شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى شىنجاڭنىڭ مۇھاجىرلار خىزمىتىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلە-

قنى بەلگىلىگەن، بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتتە مۇھاجىرلار خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇ-
ھىم. ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر قايسى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن مۇھاجىرلار
خىزمىتىگە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھاجىرلار خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىشلار كۈن
تەرتىپىگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.
ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئابىت ھوشۇر، ئاپتونوم رايونلۇق
مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ زىبىن ھەمدە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تا-
ۋابىئاتلىرىنىڭ ۋەكىلى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پولات - تۆمۈر 2 - زاۋۇتىنىڭ كادىرى
جاڭ شۈنخەن، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ دوتسېنتى ھوشۇر ئىسلام، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ ئوقۇتقۇچىسى جۇڭ يىڭفېڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش
كومىتېتىنىڭ شۇجىسى نۇر تۇرسۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ھاۋارايى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى
ۋېن كۇادا قاتارلىقلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يىغىندا سۆز قىلدى. ئۇلار سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەت-
تى: «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش
قانۇنى»نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق
قۇرۇلۇشىدىكى بىر چوڭ نەتىجە. ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ مەملىكىتىمىزدىكى ھەرمىللەت
خەلقى، چەت ئەلدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىردەك ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپلا قالماي، چەت ئەللىك
دوستلارنىڭمۇ دىققىتىنى تارتتى، بىر يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار
ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش - ئىز-
چىللاشتۇرۇشتا نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى. مۇھاجىرلار ئىشلىرى بويىچە قانۇن تۇرغۇزۇش، قانۇن ئىج-
را قىلىش جەھەتلەردە ياخشى باشلىنىش بارلىققا كەلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك، ھەر قايسى
كەسپىي تارماقلار مۇھاجىرلار خىزمىتىگە خېلى كۆڭۈل بۆلدى. ئۆتكەن يىل ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق
قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ۋەكىللەر ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان 8 - بەش يىللىق پىلان ۋە ئون يىللىق ئومۇمىي
پىلاننى قاراپ چىققاندا، قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش
ئەزالىرى ئىچىدىكى ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئاتايىن تەكلىپ
قىلىپ سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى. ئاپتونوم رايون «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇ-
ھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسىنىڭ
لايىھىسىنى چىڭ تۇتۇپ تەييارلىماقتا. ھازىر بۇ لايىھىنىڭ ئىككىنچى ئورېگىنالى بىلەن ئۇنىڭغا مۇناس-
ۋەتلىك «ئىزاھاتلار» نىڭ پىكىر ئېلىش نۇسخىسى قولدىن چىقىپ، ئالاقىدار رايون ۋە ئورۇنلارغا پى-
كىر ئېلىش ئۈچۈن تارقىتىپ بېرىلدى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە يەنە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت-
لەرنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ مۇھاجىرلار خىزمىتىگە داۋاملىق كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئېتىبار بېرىپ، ۋەتەنگە قايتقان
مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى» ھەققىدىكى
تەشۋىقات تەربىيىنى يەنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرگە، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇ-
ھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بولغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىگە ئەستايىدىل قاراپ، ۋە-
تەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەر-
نىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق تەڭشىشنى ئۈمىد قىلدى؛ گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ «ۋەتەنگە قايت-
قان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى»نى يولغا
قويۇش چارىسىنى پاتراق تۈزۈپ چىقىپ، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە - تاۋابىئات-

لىرنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا تېخىمۇ زور رول ئوينايدىغان قىلىشنى قىزغىن ئۈمىد قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر - مۇھاجىرلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مەمتىمىن توختى سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

## مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى باھالاش ئاخىرلاشتى

**ژۇرنىلىمىز خەۋىرى:** مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدىغان ياخشى ئەسەر» لەرنى باھالاش ئاخىرلىشىپ، 1991- يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خەلق سارىيىدا مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى باھالاشقا دەسلەپكى قەدەمدە باھالاشتىن ئۆتكۈزۈلگەن 286 پارچە ئەسەر قاتناشتۇرۇلدى. قايتا باھالاش ئارقىلىق 139 پارچە ئەسەر مۇكاپاتلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 14 پارچە، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 40 پارچە، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكىنى 85 پارچە. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىدىكى يولداش چېڭ پېڭ يازغان «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مۇئاۋىن رەئىس جىن يۈنخۇي بىلەن كۆرۈشتى» بىلەن يولداش لۇۋ ئاڭخاۋ يازغان «شىنجاڭ مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قانۇن تۈزۈشنى كۆچەيتىپ، قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرمەكتە» دېگەن ئىككى خەۋەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ لۇۋ ئاڭخاۋ يازغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى» دېگەن خەۋەر، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى لى خېپىڭ بىلەن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى لۇكيېي بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر بوۋاينىڭ سۆزى» ھەمدە «شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى سۇن يۇ يازغان «ئارزۇيۇڭ بۇ يەردە ھەقىقىي ئىپادىلىنىدۇ» دېگەن خەۋەرلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ھەر يىلى بىر قېتىم «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدىغان ياخشى ئەسەر» لەر باھالىنىدۇ. بۇ يىلقى باھالاش ۋاقتى چېكى 1991 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1992 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە بولىدۇ. باھالاشقا سۇنۇلىدىغان ئەسەرلەر خەۋەر، تۇڭشۈن، سۆز، ئۈن - سىن ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

## تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئۆزلۈمچىلىك يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتنىڭ يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئاچمىغانلىقنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلىگەن

بۇلتۇر تۇرپان شەھىرى ئۆزلۈمچىلىك يېزىلىق 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 2 - يىغىنى ئېچىلمىغان ، بۇنى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلىگەن.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلدۇ : يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 11 - ماددىسىدا « يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ يىغىنلىرى ھەر يىلى ئاز دېگەندە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. » دەپ بەلگىلەنگەن ; 9 - ماددىسىدا : يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ مالىيە خام چوتى ۋە ئۇنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش ; يېزىلىق ، مىللىي يېزىلىق ، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاش ۋە تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن. يېزىلىق ، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈستىدە ئوتتۇرىغا قويغان پىلان ھەمدە باشقا چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدىكى پىلانلار يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىنلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۆزلۈمچىلىك يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتنىڭ يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ئاچمىغانلىقى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## شىنجاڭدىكى نېفىت كارخانىلىرى « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى » نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە

**ژۇرنىلىمىز خەۋىرى :** شىنجاڭ نېفىت ، نېفىت - خىمىيە كارخانىلىرى « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى » نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، يەرلىك نېفىت مەنبەسىنى ئېچىش ، نېفىت - خىمىيە قۇرۇلۇشى قىلىش جەريانىدا ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئىمكان قەدەر نەزەرگە ئېلىپ ، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، تۇرمۇش ئىشىغا ئېتىبار بېرىپ ، نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش يولىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىنىمۇ ئىلگىرى سۈرمەكتە.

ئازادلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدا نېفىت سانائىتى يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا ، شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ ، تېز تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ 1984 - يىلى « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى » يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ، شىنجاڭدىكى نېفىت ، نېفىت - خىمىيە كارخانىلىرى « مىللىي تېررىتورىيە-

لىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىپ، نېفىت ۋە نېفىت - خىمىيە قۇرۇلۇشى جەريانىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، نېفىت كارخانىلىرى بىلەن يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، يەر - زېمىن، ئەمگەك كۈچى بايلىق، مەنبەسى قاتارلىق تەرەپلەردىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى. ھازىر جۇڭغار، تارىم، تۇرپاندىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئويمانلىقنىڭ گېئولوگىيىلىك بايلىق مەنبەسى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. تارىم، تۇرپان - قومۇل ئويمانلىقنىڭ نېفىت - گاز بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ ئېچىشمۇ ئومۇميۈزلۈك باشلىنىپ، قۇرۇلغان نېفىتلىكنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 158 مىليون 60 مىڭ تونىنغا، ئىشلەپچىقىرىلغان نېفىت جەمئىي ئاز كەم يۈز مىليون توننىغا، سىرتقا يۆتكەلگەن نېفىت ۋە چەككىلەنگەن تەييار نېفىت 71 مىليون توننىغا يەتتى. 1990 - يىللىق نېفىت، نېفىت - خىمىيە سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %20 نى ئىگىلەپ، ئېلىمىزدىكى 4 - چوڭ نېفىتلىك بولۇپ قالدى.

نېفىت، نېفىت - خىمىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى شىنجاڭنىڭ يەرلىك كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە 600 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى شەھىرىنى قۇرۇپ، يەرلىك بىلەن ھەمكارلىشىپ بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى قۇرۇپ چىقتى، ئۇلار يەنە ھەر يىلى يەرلىكنى بىر قىسىم نېفىت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش ۋە يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. تارىم نېفىتلىكى قوماندانلىق ئورنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە 7 مىليون 840 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ ۋە قەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى قوللىدى. ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ھەر يىلى ئاپتونوم رايونغا 80 مىڭ توننىغا يېقىن بېنزىن، سېلىياركا، ئورىيا ۋە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ياردەم بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، نېفىت، نېفىت - خىمىيە كارخانىلىرى يەنە نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى ۋە قوبۇل قىلدى. قاراماي نېفىتلىكى 1986 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە قوبۇل قىلغان ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نىسبىتى %33.3 بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسىدىن يۇقىرى بولدى. ئۇلار يەنە يەرلىكتىن 0009 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى قوبۇل قىلدى، يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن ۋە تېخنىك كادىرلىرىدىن 9100 دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلىدى. نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت ئىنژېنېر - تېخنىكلىرى ئىدارە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەتقىقات تېمىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 22 تۈر جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

▲قىسقا خەۋەرلەر▲

# نەنسەن كان رايونلۇق ھۆكۈمەت، تەپتىش مەھكىمىسى تەركىبىدىكى قىسمەن خادىملار خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەردى

بۆلتۈر 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈرۈمچى شەھىرى نەنسەن كان رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - سانلىق يىغىنىدا كان رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، كادىرلار ئىدارىسى، مال باھا ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ئەزالار ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىنى باھالىدى، ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۈمىدلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى.

# بورتالا ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلاشتى

بۆلتۈر 12 - ئايدا بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ئۈچ گۇرۇپپا بولۇپ، سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش ۋە زىيارەت قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ئوبلاستتىكى 17 يېزا، بازار (مەيدان)، يېزا ئىگىلىك 5 - دىۋىزىيىسىنىڭ يەتتە تۇەن - مەيدانىغا بېرىپ، 126 نەپەر ۋەكىل بىلەن ئالاقىلاشتى، بۇ، ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 64.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. سۆھبەت يىغىنى ۋە ۋەكىللەرنى زىيارەت قىلىشقا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە قىسمەن يېزىلىق، بازارلىق پارتكوملارنىڭ مەسئۇللىرى، پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىرى تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، ۋەكىللەرنىڭ پىكىر ۋە تەۋسىيىلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلىدى. ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلەر قايسى ئورۇننىڭ ھەل قىلىشىغا تېگىشلىك بولسا، شۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى نەق مەيداندا ۋەكىللەرگە جاۋاب بەردى. ۋەكىللەر بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتتى.

# ئۈرۈمچى ناھىيىسى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر تەشۋىقات - خەۋەر بېرىشنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

بۇلتۇر 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۈرۈمچى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر تەشۋىقات - خەۋەر بېرىش خىزمىتىنى قانداق قىلىپ كۈچەيتىش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى. ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى فەن شياڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات تارماقلىرى، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشتىكى نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بۇندىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيىغا دائىر تەشۋىقات - خەۋەر بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ( 1 ) خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر تەشۋىقات - خەۋەر بېرىشنى پىلانىغا كىرگۈزۈش؛ ( 2 ) خەلق قۇرۇلتىيى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى 2 - بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ كادىرلار قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىش كۇرسىنىڭ تەربىيە مەزمۇنىغا كىرگۈزۈش؛ ( 3 ) ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات تارماقلىرى، ناھىيىلىك ئاخبارات ئورۇنلىرى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىدىن تەركىب تاپقان تەشۋىقات قوشۇنى قۇرۇش؛ ھەر قايسى تارماقلار ماسلىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر تەشۋىقات - خەۋەر بېرىشنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەش لازىم. ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بۇ خىزمەتنى يەنىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدا تەۋسىيە بەردى.

# قۇمۇل ۋىلايىتىدە ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى ۋە سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىن ئۆتكۈزۈلدى

1991 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىدە ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى ۋە سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا قۇمۇلدىكى قىسمەن مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ھەمدە مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ 250 كىشى قاتناشتى. يىغىندا ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت

كومىتېتى ۋە سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارارلىرى ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئۇقتۇرۇشى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن دېمىن، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئايۇپ قۇربان، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خەلچىخان ياقۇپ، سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ بىنجيا ۋە ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلدى. فۇۋېن، لۇەن جېنجۇڭلار ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكالەتەن ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلدى.

## ئۈرۈمچى شەھىرى نەنسەن كان رايونى زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

ئۈرۈمچى شەھىرى نەنسەن كان رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى 1991 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر بىلىملەردىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. نەنسەن كان رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىدا بەشلا ئادەم بار، ئۇلار خىزمەت شارائىتى ناچار بولسىمۇ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە، قانۇن بىلىملىرى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە دائىر بىلىملەر ۋە ۋەكىللەر خىزمىتىگە دائىر بىلىملەر توغرىسىدا جەمئىي 120 سوئال چىقىرىلدى، كان رايونى بويىچە ئون ئورۇن مۇسابىقىگە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئەھۋالى تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

## پەيزاۋات ناھىيىسى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى

1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پەيزاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پۈتۈن ناھىيىدىكى 13 يېزا (بازار)دا بىرىنچى قېتىم خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. باھالاش مەزمۇنى مۇنداق: (1) يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزەلىگەن - يۈرگۈزەلمىگەنلىكىنى ھەمدە نازارەتچىلىك رولىنى قانۇن بويىچە جارى قىلدۇرالىغان - قىلدۇرالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش؛ (2) ئاساسىي قاتلام ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى نورمال قانات يايدۇرالىغان - يايدۇرالمىغانلىقىنى ھەمدە ۋەكىللەرنىڭ ئامما بىلەن ئالاقىلىشىشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرالىغان - قىلدۇرالمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش.

بۇ قېتىمقى باھالاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي رولىنى روشەن نامايان قىلغان، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش جەھەتتە تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بول-

مايدىغان سىياسي كۈچ بولۇپ قالغان.

بۇ قېتىمقى باھالاشتا يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى مۇنداق ھېسابلىدى: يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، بىرىنچىدىن يېزىلىق (بازارلىق) پارتكومنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى خىزمەتنى پائال قانات يايدۇرۇشى كېرەك. كۆپچىلىك يەنە مۇنداق ھېسابلىدى: يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى ساقلاشتا، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇشتا بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## تۇرپان شەھىرى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى دائىمىي رەئىسلىرىنىڭ خىزمەت سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 1991 - يىل 28 - نويابىردىن 29 - نويابىرغىچە يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى دائىمىي رەئىسلىرىنىڭ خىزمەت سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرېھىم ئېلى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن خو شاۋخۇا، دۇڭ جۇڭگياڭ ھەمدە خىزمەت كومىتېتلىرىدىكى يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جىن يۈنخۇي، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ لېچۇەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزلىرى ئۆگىنىلدى. ئالتە يېزا، ئىككى بازاردىن كەلگەن خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى دائىمىي رەئىسلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالى ۋە ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالى ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم پىكىر ئالماشتۇردى.

---

(بېشى 19 - بەتتە)

مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، مەكتەپتىن ئايرىلىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردۈم.

خەلق ۋەكىللىرى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. بۇ جەھەتتە مەن پارتىيىنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرى ۋە قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتكەندىن سىرت، يەنە خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆججەت ۋە قارارلىرىنى چۈشىنىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىگە پائال قاتناشتىم. كۆزدىن كەچۈرۈش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، بىر - بىرىنى تولۇقلاش، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىگىلەش، نىشانلىق ئىش قىلىش ئارقىلىق، ھۆكۈمەتنى سىياسەت بەلگىلەش ئاساسلىرى بىلەن تەمىنلىدىم. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، مەن سايلام رايونىدىكى ئورۇنلارغا ماسلىشىپ سەككىز ئادەم قېتىم زىددىيەتنى ھەل قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئون نەچچە قېتىم ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتىم.

# ژۇرنىلىمىز ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

تەھرىر ئىلاۋىسى: بۇلتۇر 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، مۇئەييەن يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا ئىگە ئىختىيارىي مۇخبىردىن بىر ـ ئىككىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى جايلاردىن تەلەپ قىلغانىدۇق. بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە 141 نەپەر ئىختىيارىي مۇخبىرنىڭ ئىسىملىكى يوللاندى (قىسمەن ناھىيىلىك، شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى يوللاپ بەرمىدى). مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، بۇ يولداشلارنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرى بولۇشىغا قوشۇلدۇق. بۇ يولداشلارنىڭ پائال تۈردە ماقالە يېزىپ ۋە ئەھۋال ئىنكاس قىلىپ، ياخشى چىقىرىشىمىزغا كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## ئۈرۈمچى شەھىرى

پەن جىخۇاڭ: شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەتقىقات ئىشخانىسىدىن
ۋېن جاۋشيا: شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى تەتقىقات ئىشخانىسىدىن
تاڭ لىڭ: تيانشان رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ئابدۇقادىر مەھەممەت: تيانشان رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى دىنىي ئىشلار كومىتېتىدىن
ۋاڭ گۇەن: تۇدۇڭخابا رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ساتتارساۋۇت: تۇدۇڭخابا رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
جاڭ زىمىن: نەنسەن كان رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
چېن كەيچېڭ: ئۈرۈمچى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
جۇجۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر ـ كادىرلار خىزمىتى كومىتېتىدىن

## ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى

لى شىمىن: ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن

## ئىلى ۋىلايىتى

سۇن شۇلىن: غۇلجا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن

شۆرۈنمىن : غۇلجا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
جاڭ يۇشېڭ : موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
خۇمىڭشىن : چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
دولقۇن : چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
دۇڭ جاۋرۇ : نىلقا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
تيەن زىجيەن : تېكەس ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ۋۇشۇخەي : قورغاس ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
تۆمۈرقاسىم : قورغاس ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
جىن خۇڭ : توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن

## تارباغاتاي ۋىلايىتى

ۋاڭ شىنپىڭ : تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق قورۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتىدىن
يې دېلىن : شىخو ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ياڭ لىن : شىخو ناھىيىلىك خ ق دائىمىيكومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ۋۇيۇەنجېڭ : دۆربىلجىن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ياڭ شىنيەن : دۆربىلجىن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
لى بياۋ : چاغانتوقاي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
شياۋپىڭ : چاغانتوقاي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ۋاڭ ۋېن : ساۋەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
لى خەيچىڭ : تولى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ياڭ زوجۇن : تولى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىدىن
لى خۇڭ : قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن

## ئالتاي ۋىلايىتى

شۇجيەنگو : ئالتاي شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
تاڭ جۇڭفۇ : ئالتاي شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
كۇاڭ ۋېنشىڭ : بۇرچىن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ۋۇپىڭيۈەن : بۇرچىن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ئەركىن ئۇنىربېك : بۇرچىن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى سىياسىي - قانۇن بۆلۈمىدىن
ھاجى مۇرات : چىڭگىل ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتىدىن
قەھرىمان : چىڭگىل ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىدىن
ۋاڭ شۆشياۋ : قابا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن

بۇلەش غالى : قابا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
تاڭ خەيجى : كۆكتوقاي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ماسەي : كۆكتوقاي ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى سىياسىي - قانۇن بۆلۈمىدىن

## بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

ياڭ خەنۋېن : ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ھەسەنجان ئەيسا : ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
لىيۇ فۇشېڭ : بورتالا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ياڭ جۇنفېڭ : بورتالا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
جېلىل ئابدۇراخمان : جىڭ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
لى چاڭيۇ : جىڭ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن

## قاراماي شەھرى

گۇباۋكاڭ : قاراماي شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
جىيايۇلياڭ : قاراماي شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
خەن جىيۇەن : ئورقۇ رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
جياڭ گېتىيەن : مايتاغ رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
شۇفېڭ : مايتاغ رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن

## شىخەنزە شەھرى

چېن جاۋ چياڭ : شىخەنزە شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
چېن خۇەيچۇەن : شىخەنزە شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىدىن

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى

نەن ياڭ : ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
گۇەن يۈن : ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
دېڭ شاۋمىڭ : سانجى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ماشېڭگو : سانجى شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
گولىڭشيا : قۇتۇبى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
رېن جىنفېڭ : قۇتۇبى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىدىن
شۇگۇاڭلى : مورى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن

جياڭ فۇۋېن : موری ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ۋاڭ شياۋماڭ : فۇكاڭ ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتىدىن
گاۋخۇييىڭ : فۇكاڭ ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
گۇجۇڭخۇا : مچۈەن ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتىدىن
ليۇسگۈي : جىمسار ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىدىن
ۋاڭ يۇڭنيەن : جىمسار ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن

## قۇمۇل ۋىلايىتى

فېڭ جاڭ : ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتىدىن
خۇچۈەنچۈن : قۇمۇل شەھەرلىك خ ق دائىمي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىدىن
شى يۇڭ : قۇمۇل شەھەرلىك خ ق دائىمي كومىتېتىدىن

## تۇرپان ۋىلايىتى

ئابدۇللا ئابدۇرېھىم : تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمي كومىتېتى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتىدىن
شى لى : تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن

## بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى

خاۋجۈن : ئوبلاستلىق خ ق دائىمي كومىتېتىدىن
ليۇبو : ئوبلاستلىق خ ق دائىمي كومىتېتىدىن
سى ۋېيدۇڭ : كورلا شەھەرلىك خ ق دائىمي كومىتېتىدىن
جاڭ خۇڭۋېن : كورلا شەھەرلىك خ ق دائىمي كومىتېتىدىن
مەھەممەتساۋۇت : كورلا شەھەرلىك خ ق دائىمي كومىتېتىدىن
چېن جيەنفېي : بۈگۈر ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتىدىن
دۇڭ زىڭشىڭ : بۈگۈر ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
بەي يەنبىڭ : يەنجى ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتىدىن
تاۋسەنباۋ : خېجىڭ ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتىدىن
ياڭ سۇڭچياۋ : خېجىڭ ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتىدىن
جېڭ جۇڭخۇا : باغراش ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
چېن جىخۇەن : لوپنۇر ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىدىن
قاسىم سەمەت : لوپنۇر ناهیيلىك خ ق دائىمي كومىتېتى مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە كومىتېتىدىن

جاڭ شنخۇا : لوپنۇر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
شۇ يەنيىڭ : چاقىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ھاشىم ئىمىن : چاقىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىدىن

## ئاقسۇ ۋىلايىتى

لىيۇ فۇشېڭ : ئاقسۇ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
خۇاڭ جيەنچېڭ : ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
جۇ چۇنياڭ : شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
نۇردۇن سۇپۇر : شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىدىن
لى شىن : ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ئەركىن نىياز : ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
خې چۇنفاڭ : كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
لىيۇ يۇڭشېڭ : كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر - كادىرلار خىزمىتى كومىتېتىدىن
غوپۇر راخمان : كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ئابدۇللا سەيدۇللا : كۇچا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن

## قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى

گو شىلىن : ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتىئىشخانىسىدىن
روزى ئەخمەت : ئوبلاستلىق خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
قاسىمجان : ئاتۇش شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن

## قەشقەر ۋىلايىتى

ما چۇنيىڭ : ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتىدىن
لى گې : قەشقەر شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ئابدۇقادىرتوقسۇن : قەشقەر شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
مى چىلىن : قەشقەر شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
تاڭ چىڭفېڭ : پوسكام ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
گاۋ لى : قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ئابلىكىم نورۇز : قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ئابدۇرىشىتھەسەن : قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن

ۋاڭ زوباۋ : يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ئوبۇل مەمەت : يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ئاۋۇت ئىسمايىل : يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىدىن
جاڭ خوڭچياڭ : پەيزاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
بەختى قادىر : پەيزاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
قۇربان توختى : مارالبېشى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
تۇرسۇن ئەكرەم : مارالبېشى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
مىڭ شياڭدۇڭ : يېڭىسار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
تۇردى مەمەت : يېڭىسار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ھاجى ئەيسا : تاشقورغان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
جاڭ جيەنخەي : تاشقورغان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
راخمانقۇل : تاشقورغان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن

## خوتەن ۋىلايىتى

يۈەن تيېشېڭ : ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتىدىن
ئەي يۈلەن : خوتەن شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ھەبىبۇللا ئابدۇللا : خوتەن شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
شياۋ يەنلياڭ : خوتەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
گاۋ يۈندۈن : خوتەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
ئابدۇلبەر روزى : خوتەن ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن
چېن لى : چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
شى لېي : چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ياڭ ئېرچېڭ : لوپ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىدىن
لۇ جۇ سۈن : لوپ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ئابدۇھېمىت رېھىم : لوپ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىدىن
سىيىت توختى : لوپ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر ـ دىنىي ئىشلار كومىتېتىدىن
مەتىمىن قاسىم : نىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە كومىتېتىدىن
مەتنۇر يۈسۈپ : نىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ئابلىكىم جېلىل : گۇما ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە كومىتېتىدىن
مارۇڭچۈەن : قاراقاش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
ليۇ جيەنخۇا : قاراقاش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
دۆلەت توختى : قاراقاش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىدىن
مەمەت توختى : قاراقاش ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

1992 - يىل 1 - سان
(ئومۇمىي 106 - سان)

گېزىت - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكا نومۇرى :1207


## مۇندەرىجە


خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتەيلى ............... پېڭ چۇڭ (1)

شىمالىي شىنجاڭدا «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»نىڭ ئىجراسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن دوكلات ............ شىمالىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى (6)

قانۇندا بېرىلگەن مۇسئۇلىيەتنى ئادا قىلىپ، ئەدلىيە نازارەتچىلىكىنى ياخشىلايلى ............................................. شۇگۇەنبىن (11)

ۋەكىللىك بۇرچۇمنى رازىمەنلىك بىلەن ئادا قىلدىم.................. جاڭ جيەنشىن (17)

ئاپتونوم رايونىمىزدا «ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى» يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى قىزغىن تەبرىكلەندى ............................................ (20)

مەملىكەتلىك تۆنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىدىغان ياخشى ئەسەرلەرنى باھالاش ئاياغلاشتى ............................................ (22)

تۇرپان شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئۈزۈمچىلىك يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئاچمىغانلىقىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلىگەن ............................................ (23)

شىنجاڭدىكى نېفىت كارخانىلىرى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە ............................................ (23)

قىسقا خەۋەرلەر (يەتتە پارچە) ............................................ (25)

ژۇرنىلىمىز ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىنىڭ ئىسمىلىكى ............................................ (29)



نەشر قىلغۇچى : ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامال يولى 10 - قورو
تېلېفون : 7 — 228275 ئارقىلىق 736 ، پوچتا نومۇرى 830002
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى